# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئىقتىساد يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلغان ياخشى ۋەزىيەتنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش شەكلىدە سىجىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايون ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ساغلاملىققا ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى زورايتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىشىشتىكى ئورنىنى توغرا تېپىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سودا ئەشيا ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، پۇل مۇئامىلە، مالىيە، باجنىڭ تىرەكلىك، كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئون چوڭ كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىجىل تۈردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، يەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈندىلىك ئۆگىنىشكە سىڭدۈرۈش، دائىملىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش خىزمەت ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىقتىدار - قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كارخانىلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكرى»گە قاراپ چىقىلدى، «ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە» «كۈيتۇن - مايتاغ - شىخو» رايونىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك، ئىقتىساد، ئادەمىيەت، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋىلادىمىر نورووۋ جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۈكسەك ئالقىشلىدى، شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللانغان تەدبىرلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە پائال ئىزدەنگەنلىكى ۋە رايون بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىرنەچچە كۈن نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭدا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، دىنلارنىڭ ئىناقلىقىنى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بولۇپمۇ شىنجاڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرىشى كۆرگەزمىسى ئېكسكۇرسىيە - زىيارەت ئۆمىكى ئەزالىرىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، تېررورىزىم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەھدىتى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە قىلغان پائال ئىزدىنىشى بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۈلگە قىلىشقا بولىدىغان پايدىلىق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

ۋىلادىمىر نورووۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو شىنجاڭدا ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش» «دىنىي كەمسىتىش» ۋە «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەھۋالى مەۋجۇت ئەمەس، «ئىرقىي يوقىتىش»مۇ مەۋجۇت ئەمەس. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى كاتىبات باشقارمىسى ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىنجاڭ بىلەن سىياسىي، ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئېنېرگىيە، قاتناش، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بولۇپمۇ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىش ۋە رايون تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ھەم مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە ئورتاق بەخت يارىتىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىشلىرى ئالاھىدە ۋەكىلى لى خۇي، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى شۈجۈن قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ سادىق ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ قەتئىي تۈرتكە بولغۇچىسى، يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاشتىكى مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۈلگىسى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتىكى ئاۋانگارت نەمۇنىچىسى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىدىغان، چېگرانى چارلايدىغان، چېگرانى قوغدايدىغان «پامىر بۈركۈتى». يولداش لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ۋە ئىلغار ئىش ئىزلىرى يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى جانلىق شەرھلەپ بەردى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك سەممىي مېھر - مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان دەۋر خىسلىتىنى روشەن ئىپادىلىدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يولداش لاچىن بايەكەدىن ئۆگىنىشنى ھازىرقى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى، پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرى، «بايراق ئارقىلىق يېتەكلەش، بىر نىيەتتە ئارزۇنى رويابقا چىقىرىش» يىللىق ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىق تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يولداش لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىش، مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ پارتىيەگە سادىق سىياسىي پەزىلىتى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، چېگرانى قوغداشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىش كېرەك. «ئىلغار تىپلار بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش» قاتارلىق ئۆگىنىش - ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، كەڭ ئارمىيە ۋە خەلقنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش لاچىن بايەكەدىن ئۆگىنىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشنى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك شەھەر(ناھىيە)لەرگە نام بېرىش ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە - خەلق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر نىيەتتە ئارزۇنى رويابقا چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرلىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش سىستېمىسى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى - ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، ھەربىيلەر پەرزەنتلىرىگە مائارىپتا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلىشى، كەڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى لاچىن بايەكەنى ئۈلگە قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ ئىلگىرىلەپ، يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك. ھەرقايسى قىسىملار يولداش لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشنى «قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئېلىش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىغا كىرگۈزۈپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھېسسىياتىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى سۆيۈش، خەلقنى كۆزلەش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد، تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش يولى، يېڭىلىق يارىتىش ئەندىزىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئۆلكە كۆرسىتىش رايونىنى پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش سىياسىتى سىناق رايونى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ئېكولوگىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش رايونى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش رايونى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر توپلانغان ئۆلكە كۆرسىتىش رايونى، تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە يېتەكلەش رايونى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىق باشلامچى رايونى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. 2025 - يىلىغا بارغاندا، ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە دۆلەتلىك ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش رايونىنىڭ تۈزۈلمە - مېخانىزم، يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى، نۇقتىلىق كەسىپلەر ۋە سۈپەتلىك ماركا يېتىلدۈرۈش، پەن - تېخنىكا، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە مۇھىم، زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭىلىق يارىتىشچان ئۆلكە، رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ياشانغانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېخنىكىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يولۇققان «رەقەمدىكى ھاڭ» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياشانغانلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ يېقىشلىق، تېخىمۇ بىۋاستە بولغان قولايلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، ياشانغانلارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئىشلارغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش ھالىتىدە ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىش كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكە قاتنىشىشنى قوللاپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولايلىق مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى تورىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ تاكسى توسۇپ سەپەرگە چىقىش مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىۋى قاتناشقا ئولتۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ قولايلىق تەدبىرلەر بىلەن تەمىنلەپ، تۆمۈر يول، تاشيول، يولۇچى توشۇش مەيدان - بېكەتلىرىنىڭ ئادەملىك مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ياشانغانلارنىڭ كۈندىلىك سەپەرگە چىقىشىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇش كېرەك. توردا داۋالىنىش مۇلازىمىتى بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، مەھەللە، ئائىلە ساغلاملىق مۇلازىمەت سۈپىتىنى قۇرۇپ، ياشانغانلارنىڭ كۈندىلىك داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىش كېرەك. «ئالاقە تورى + ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى»نى قوللىنىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغان تور سىرتىدا ئىش بېجىرىش يوللىرىنى تەسىس قىلىپ، ياشانغانلارنى مۇۋاپىقلاشقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىپ، ياشانغانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۈتۈنۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگەندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 20 نەچچە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى رەتلىك سەپ تۈزۈپ، قولىدا ئاق جۇخار گۈلنى تۇتقان ھالدا، چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىغا قاراپ تۇرۇپ، ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەڭگۈ ئىنقىلابنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا قەسەم بەردى.

سانجى شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى ئېچىش، چىڭمىڭ قىسقا شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش، ھېكايىلەردىن بەھرىلىنىش، «مېنىڭ قەلبىمدىكى قەھرىمان» تېمىسىدىكى قولدا كۆچۈرۈلگەن گېزىت ئىشلەش قاتارلىق شەكىللەرگە بىرلەشتۈرۈپ، «تارىخنى ئەسلەش، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش» يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، پائالىيەتكە قاتناشقان ئادەم سانى 60 مىڭدىن ئاشتى.

«بۈگۈن مۇئەللىم سۆزلىگەن ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، شۇنداقلا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا قارىتا چەكسىز ھۆرمەتكە ئىگە بولدۇم. مەن قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىمەن» دېدى سانجى شەھەرلىك 13 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ما جياجېن.

سانجى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر شۇ جاينىڭ قىزىل بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەمەلىي پارتىيە دەرسى تەسىس قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچىلار قىزىل بازىغا بېرىپ، شانلىق تارىخنى قايتا ئەسلەپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگەندى. «ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى سانجى شەھەرلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لىن خۇي.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە داشۆسى «چىڭمىڭدا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش» پائالىيىتى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئوقۇتۇش ئىشلىرى 2 - پارتىيە ياچېيكىسى، ئوقۇتۇش 3 - پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىنقىلابىي قۇربانلار توغرىسىدىكى سىنى كۆردى، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىدى، بۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئوقۇتۇش پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تىڭتىڭ مۇنداق دېدى: «بىز دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ۋە يېقىنلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى پارتىيەنىڭ ئېسىل ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش، مەنىۋى تومۇرنى داۋاملاشتۇرۇش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەيمىز».

## توردا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئىرادىسىنى ئىزھار قىلىش

ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش ئۈچۈن، قەشقەر داشۆ چىڭمىڭدا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، چېگرانى مۇستەھكەملەيدىغان ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

چىڭمىڭنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى، قەشقەر داشۆدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىگە بېرىپ، دەۋر نەمۇنىچىسى، ئىنقىلابىي قۇربان لاچىن بايەكەگە تەزىيە بىلدۈردى، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. مەكتەپ يەنە «ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ياد ئېتىش تەسىراتى سۆزلەش» «لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش تەسىراتى سۆزلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، توردا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، 12 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 7000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق سۆز قالدۇرۇلدى.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ لىشۆي باشلانغۇچ مەكتىپىدە 100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ لىشۆي شەھىرى چىڭيۈەن ناھىيەلىك 2 - تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى ماس قەدەملىك دەرسخانا شەكلى ئارقىلىق «ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بىرلىكتە تەزىيە بىلدۈرۈش، قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئورتاق ئىپادىلەش» باش تېمىسىدىكى چىڭمىڭ بايرىمىلىق پائالىيىتى قانات يايدۇردى، قىزىل ئىنقىلابىي ھېكايىلەردىن بەھرىلىنىش يىغىنى ئېچىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىشكە، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى تىكلەشكە يېتەكلىدى.

## ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى خىمىيە قۇرۇلۇشى شۆيۈەنى «ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ، يېزا ئىگىلىك داشۆسى قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش» پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى باش تېمىسىدىكى پارتىيە كۈنى، ئىتتىپاق كۈنى پائالىيىتى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

«بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، قايغۇلۇق ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ جىسمىدا چاقناپ تۇرغان غايە - ئېتىقاد نۇرىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەيمىز، يېتەكلەيمىز» دېدى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى خىمىيە قۇرۇلۇشى شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما جېچياڭ.

قاغىلىق ناھىيەلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپ قانات يايدۇرغان «بىر پارچە سالام خېتى ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەت ئۈستىدە ئىزدىنىش» ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ سالام خېتىنى دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ سالام خەتلىرى كوممۇنىستلارنىڭ ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى بىلەن تولغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. «بىزنىڭ ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن. ئىنقىلابىي قۇربانلار كېتىپ قالغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ روھى ۋە جاسارىتىگە ۋارىسلىق قىلىمىز ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىمىز!» دېدى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى زەينۇر ئوبۇلقاسىم.

**(مۇخبىر جاۋ شيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار گۇەن لىچيۈڭ، جاڭ يىجياڭ)**